# شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 5 ـ ئاي
31
جۈمە
维吾尔文 5月31日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W
新疆日报网: www.xjdaily.com

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24712 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


## شى جىنپىڭ رۇسىيەدە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولدى ھەم 23 ـ نۆۋەتلىك سانكت پېتېربۇرگ خەلقئارا ئىقتىساد مۇنبىرىگە قاتناشتى

### دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى جۇڭگو، چەت ئەل تاراتقۇلىرىنى خەۋەرلەندۈرۈش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئالاقىدار ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىرلار سۈن يى، ۋېن شىن) دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى جۇڭگو، چەت ئەل تاراتقۇلىرىنى خەۋەرلەندۈرۈش يىغىنى ئۆتكۈزدى. دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى جاڭ خەنخۇي دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ پات ئارىدا رۇسىيەدە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولىدىغانلىقى ھەم 23 ـ نۆۋەتلىك سانكت پېتېربۇرگ خەلقئارا ئىقتىساد مۇنبىرىگە قاتنىشىدىغانلىقىغا ئالاقىدار ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى ھەم مۇخبىرلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 2 ـ تومىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى نۇسخىسى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 2 ـ تومىنىڭ موڭغۇلچە، زاڭزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، چاۋشيەنچىدىن ئىبارەت بەش خىل ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى نۇسخىسىنىڭ بارلىق تەرجىمە خىزمىتى تاماملىنىپ، يېقىندا پۈتۈن مەملىكەتتە نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

مىللىي رايونلاردىكى كەڭ كادىرلار، ئاممىنىڭ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك توغرا ئۆگىنىشى، چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىپ، ھەقىقىي تۈردە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە، جۇڭگو مىللەتلەر تىل ـ يېزىق تەرجىمە ئىدارىسى ۋە مىللەتلەر نەشرىياتىنى تەشكىللەپ، بەش خىل مىللەت يېزىقى نۇسخىسىدىكى «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 2 ـ تومىنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش خىزمىتىنى تاماملىدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### چېن چۇەنگو تارباغاتاي ۋىلايىتىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

## يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ئۈزلۈكسىز يارىتىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو تارباغاتاي ۋىلايىتىگە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەپ، ھەقىقىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ئۈزلۈكسىز يارىتىش كېرەك.

شىنجاڭ لۈخېيۈەن دورىگەرلىك چەكلىك شىركىتى «شىركەت + بازا + دېھقانلار ھەمكارلىق كوپراتىپى» شەكلىدە شۇ جايدىكى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا ئۈنۈملۈك تۈرتكە بولدى، چۆچەكبۇيا مەھسۇلاتلىرىنى چوڭقۇر پىششىقلاش سېخىدا، چېن چۇەنگو كارخانىنىڭ مەھسۇلات تەتقىق قىلىپ ئېچىش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، خاس، ئەۋزەل كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق ئالاقىدار ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. چېن چۇەنگو كارخانا مەسئۇللىرىنى مەۋقەنى شىنجاڭنىڭ خاس، ئەۋزەل كەسىپلىرىگە قويۇپ، كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ، قوشۇلما قىممىتىنى ئاشۇرۇپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىشكە ياردەم بېرىپ، كارخانا تەرەققىياتىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى.



5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو تارباغاتاي ۋىلايىتىگە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. سۈرەتتە: چېن چۇەنگو دۆربىلجىن ناھىيەسىنىڭ سانائەت رايونىدا كارخانىنىڭ مەھسۇلاتنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش، ئۆزگىچە ئەۋزەل كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىمەكتە. □ مۇخبىرىمىز **سۈي جىجيەن** فوتوسى

چۆچەك شەھىرىدىكى پېنسىيەگە چىققان 73 ياشلىق خىزمەتچى سالىقجان ئىمىن ئون يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، ھەر دۈشەنبە كۈنى ھويلىسىدا دۆلەت بايرىقى چىقىرىشتا چىڭ تۇردى. چېن چۇەنگو سالىقجاننىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئائىلە ئۆزگىچە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى كۆرگەزمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، بىر ئائىلە كىشىلىرى بىلەن چۆرىدىشىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى. چېن چۇەنگو سالىقجان بوۋاينىڭ پارتىيەنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش ئالىيجاناب ھېسسىياتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ داۋاملىق پارتىيەنى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنى قىزغىن سۆيۈش نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھاياتنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلەپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۈمىد قىلدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## گۈللىنىشكە باشلامچىلىق قىلىدىغان مۇستەھكەم تىرەك بەرپا قىلىش

### ـــ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى باشلىنىش پەيتىدىكى خاتىرە

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى جاڭ شياۋسۇڭ، جۇ جىچېي، لىن خۈي، لو جېڭگۋاڭ

100 يىللىق بوران ـ چاپقۇنلارنى بېسىپ ئۆتتۇق، ئەسلىي مەقسەت ئۆزگەرمىگەچكە غەيرەت ـ جاسارەتكە تولدۇق؛

ئۇلۇغ گۈللىنىشكە قەدەم تاشلىدۇق، قەتئىي ئىرادىدىن يانمىغاچقا توختىماي ئالغا ئىلگىرىلىدۇق.

پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، يېقىندا ئېچىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىنىدا، بۇ يىل 6 ـ ئايدىن باشلاپ پۈتۈن پارتىيەدە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈپ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش قارار قىلىندى.

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، قۇرۇلغىنىغا 98 يىل، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقىنىغا 70 يىل بولغان دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە ئەسلىي مەقسەتنى قايتا ئەسلەپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىپ، جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىپ، يېڭى دەۋرگە جاسارەت بىلەن ئاتلىنىشتىكى قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملىدى.

### 100 يىللىق چوڭ پارتىيەنىڭ مەڭۇ شىفرى

ئۇرۇش يىللىرىدا، مىللىي ئازادلىق ئۈچۈن ئۇ باتۇرلۇق بىلەن ھېچنېمىدىن قورقماي، يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوققا قارىماي، ئاجايىپ تۆھپىلەرنى ياراتتى؛ ئىنقىلاب مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن، ۋەتەننىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۇ چەت، يىراق تاغلىق رايوندا يىلتىز تارتىپ، نام ـ تۆھپىسىنى چوڭقۇر يوشۇرۇپ، بىر ئۆمۈر تۆھپە قوشتى...

سابىق غەربىي شىمال دالا ئارمىيەسىنىڭ جەڭچىسى، پېشقەدەم قەھرىمان جاڭ فۇچىڭنىڭ ئىش ئىزلىرى سانسىزلىغان كىشىنى تەسىرلەندۈردى. 95 ياشلىق پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى نېمە ئۈچۈن يىللارنى بېشىدىن ئۆتكۈزسىمۇ خىسلىتىنى ئۆزگەرتمەي، ئاددىي ياشاپ ئۆمۈر بويى تۆھپە قوشۇشنى خالىدى؟ بۇ دەل ئاشۇ ساپ قەلبىنىڭ بولغانلىقىدىندۇر.

بىر ئادەم شۇنداق، بىر پارتىيەمۇ ھەم شۇنداق.

«ھەممە ئالدىغا قاراپ ماڭسىمۇ، بېسىپ ئۆتكەن يوللارنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ؛ قانچە يىراققا ماڭسىمۇ، قانچە شانلىق كەلگۈسىگە يېتىپ بارسىمۇ، بېسىپ ئۆتكەن ئۆتمۈشنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ، نېمە ئۈچۈن يولغا چىققانلىقنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ».

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## قاراماي ـ چۆچەك تۆمۈريولىدا قاتناش باشلاندى

### شىنجاڭدىكى ئەڭ ئاخىرقى ۋىلايەت، ئوبلاست مەركىزىي شەھىرىگە پويىز قاتناشمىسلىق تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى

مۇخبىرلىرىمىز **شى شىن، لۇ فېڭباۋ** خەۋەر قىلىدۇ: 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى سائەت 10دىن 10 مىنۇت ئۆتكەندە، چۆچەك پويىز ئىستانسىسىدا، چۆچەك ـ ئۈرۈمچى K9858 ـ قېتىملىق نۆۋەتچى پويىزنىڭ ئاستا ـ ئاستا قوزغىلىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭدىكى ئەڭ ئاخىرقى ۋىلايەت، ئوبلاست مەركىزىي شەھىرى ـــ چۆچەك شەھىرىگە پويىز قاتناشمىسلىق تارىخى ئۆزگەرتىپ يېزىلدى.

شۇ كۈنى، قارامايدىن چۆچەككە قاتنايدىغان تۆمۈريولدا رەسمىي قاتناش باشلىنىپ، چۆچەك شەھىرى جۇڭگو تۆمۈريول تورىغا رەسمىي كىرگۈزۈلدى ھەم جۇڭگودىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپاغا قاتنايدىغان 3 ـ تۆمۈريول چوڭ يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە ئايلاندى.

چۆچەك ۋوگزالىدا، بۇ تارىخىي خاراكتېرلىك پەيتكە ئورتاق گۇۋاھ بولۇۋاتقانلاردىن كارخانىلار ۋەكىللىرى، قۇرۇلۇشچىلار، ئاكوردىيون چېلىۋاتقان پېشقەدەملەر، لەرزان ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قازاق قىزلىرى بار ئىدى... «داقا ـ دۇمباق چېلىپ پويىزنى كۈتۈۋېلىپ، قەلبىم بەك شادلاندى، بۈگۈندىن كېيىن سەپەر قىلىش تېخىمۇ قولايلاشتى، ساياھەت، ئېكسكۇرسىيە قىلىپ جاھان كۆرىدىغان بولدۇق...» ۋوگزالنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا چۆچەك شەھىرىنىڭ ئەرگۈك بازىرى ئاياغ قاراگۇر كەنتىدىكى 79 ياشلىق كەنت ئاھالىسى ۋاڭ يۈگۈڭ كۆيەن ئارقىلىق قەلبىدىكى ھاياجىنىنى ئىپادىلىدى.

قاراماي ـ چۆچەك تۆمۈريولى دۇنياغا داڭلىق «ئالۋاستى شامال رايونى» ـــ مايتاسنى كېسىپ ئۆتىدۇ. تۆمۈريول ياسىلىشتىن ئىلگىرى، ھەر يىلى قىشتا ھاۋا تۇيۇقسىز ئۆزگەرسە، ساياھەتچىلەر مايتاستا توسۇلۇپ قالاتتى. قىش پەسلىدە سەپەر قىلغاندا توسالغۇغا ئۇچرىماسلىق چۆچەك خەلقىنىڭ ئارزۇسى ئىدى.

چۆچەك شەھىرىدىكى 83 ياشلىق شەھەر ئاھالىسى جى بىخۇڭ چۆچەكتىن تۇنجى قېتىم قارامايغا بارىدىغان پويىز بېلىتىنى سېتىۋېلىپ، شۇ كۈنى ئەتىگەندىلا ۋوگزالغا يېتىپ كەلدى. «ئىلگىرى قىشتا يىراققا بارساق قار ـ شۇرغاندا يولنىڭ توسۇلۇپ قېلىشىدىن ھەممىدىن بەك ئەنسىرەيتتۇق، پويىزنىڭ قاتنىشىغا كۆپ يىل تەلمۈردۇق، بۇ كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى، مەن بەك ھاياجانلاندىم!» دېدى جى بىخۇڭ مۇخبىرغا.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇنى ئىككىلىك كودنى سكانېرلاپ كۆرۈڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 54 ـ قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئۆتكۈزدى

مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 54 ـ قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئالاقىدار تارماقلار دوكلات قىلغان ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنىڭ دائىمىي كومىتېت 10 ـ يىغىنىنىڭ تۈرلۈك قارالمىلىرىنى قاراپ چىقىش ئەھۋالىنى ئاڭلاپ ئۆتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)




## خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئىللىق قۇياش نۇرى ھەممە ئائىلىنى يورۇتتى

قەتئىي تەۋرەنمەي شىنجاڭنىڭ تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ تېز تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەرەققىياتنى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يەرلىككە نەپ يەتكۈزۈشتە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىغا پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى بىۋاستە ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. ـــ شى جىنپىڭ

□ مۇخبىرىمىز **لى چۈنشيا**

5 ـ ئاي، سەرەتان ئىسسىقى مەۋسۇمىدىن كېيىن، بۇغداي باشاقلىرى دان تۇتتى، ئۈجمىلەر پىشتى، غورىلار يوغىنىدى، تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا پۈتكۈل مەۋجۇدات ياشاردى، گۈللەپ ياشنىدى. ئېتىز باشلىرىدا، زاۋۇت ـ سېخلاردا، ھەممىلا يەردە كىشىلەرنىڭ ئالدىراش يۈرگەنلىكىنى كۆرگىلى بولاتتى.

5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، مۇخبىر كەلپىن ناھىيەسىدىكى ئاقسۇ شىنكې كىيىم ـ كېچەك چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىغا كەلدى، كىيىم تىكىش ماشىنىسى ئالدىدا، خىزمەتچى ئامانگۈل مەمەت ئىنتايىن ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلەۋاتاتتى. «مەن بۇ يەردە تىككۈچىلىك تېخنىكىسىنى ئۆگەندىم، ئېرىم يېقىن ئەتراپتىكى ماي قاچىلاش پونكىتىدا ئىشلەيدۇ، ئىككىلەن ئايدا 4000 يۈەندىن كۆپرەك پۇل تاپالايمىز. پارتىيەنىڭ ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتى ياخشى، كۆڭلىرىمىز بارغانسېرى ئۇمىدكە تولدى!» دېدى ئامانگۈل خۇشال ھالدا.

مەركەزنىڭ 2 ـ قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تۈرلۈك خىزمەتلەرگە سىڭدۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىيات داۋامىدا خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشقا كۈچەپ،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇنى ئىككىلىك كودنى سكانېرلاپ كۆرۈڭ